# ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالتە يىلدىن بۇيان، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان نۇرغۇن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرىگە يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن قوشۇلۇپ، يېڭى سەھىپە داۋاملىق پۈتۈلدى: ئۈرۈمچى شىسەن سولياۋ زاۋۇتىدىن داپۇگوۋ مەھەللىسىگىچە بولغان شەھەر ئەتراپى ئاممىۋى قاتناش لىنىيەسىدە، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەيدىغان ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇسى شوپۇرى گۇ شياڭفېڭ ئاممىۋى قاتناش لىنىيەسىنى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىنى تۇتاشتۇرىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى لىنىيەسىگە ئايلاندۇردى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچى قۇربان نىياز ئون نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، بالىلارنى تەربىيەلەشتە كىچىكىدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ قەلبىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى چاچتى.

ھەنپە ئالماخۇن، جۇاڭ شىخۇا، يوۋ لياڭيىڭ... بۇ ئىسىملارنىڭ ئارقىسىدا، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرى، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان ئۈلگە كۈچى بار.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، چىش بىلەن كالپۇكتەك بىر ـ بىرىگە تايىنىدىغان، ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدىغان ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتى شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى ئەڭ گۈزەل مەنزىرىگە ئايلاندى.

### ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش جەريانىدا ھېسسىيات كۈچەيدى

«پارتىيە مۇشۇنداق ياخشى كادىرنى بىزنىڭ يېنىمىزغا ئەۋەتىپتۇ، مەن ھەر كۈنى بەختكە چۆمۈلۈپ ياشاۋاتىمەن».

«تۇغقىنىمىز بىزنىڭ ئىشىمىزنى زادىلا ئەستىن چىقارمايدۇ، بىز چوقۇم ھەسسىلەپ تىرىشىپ، كۈنلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزىمىز».

«بىر قېتىم تۇغقانلاشسا، بىر ئۆمۈر رىشتە باغلىنىدۇ، بىز مەڭگۈ بىر ئائىلە كىشىلىرى».

...

ھازىر شىنجاڭدا، ھەر كۈنى دېگۈدەك ھەر مىللەت كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىغا، دېھقانلارنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن بىللە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى رىشتىنى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەش كۈيىنى ئورتاق يېزىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى باشتىن ـ ئاخىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىگە قويۇپ ئويلاپ ۋە پىلانلاپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش باش تېمىسىنى باشتىن ـ ئاخىر پۇختا ئىگىلەپ، يېڭى پىكىر يولى، يېڭى تەدبىرلەر ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتتى.

بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىش ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ. 2016 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى يېزا، مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت ئاممىا بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولدى.

باي ناھىيەسى قاراباغ يېزىسىنىڭ كۆتەكتۇر كەنتىدىكى بەخت كېچىلىك بازىرىدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرلىرى قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن بىللە ياز كېچىسىنىڭ كۆڭۈللۈك پەيتلىرىدىن بەھرىلىنىۋاتاتتى. بۇلتۇردىن بۇيان، قوشماقلاشقان كادىرلار، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى قول تۇتۇشۇپ بەرپا قىلغان بەخت كېچىلىك بازىرى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 12 ئائىلىلىك نامرات ئاھالىنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى. «تۇغقانلىرىمىز چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى بىلەن بىزگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ، بىز چوقۇم غەيرەت قىلىپ ئىشلىشىمىز» دېدى كېچىلىك بازاردا يايما ئاچقان كەنت ئاھالىسى بەكرى نۇر.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىليونلىغان كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر مىللەت ئاممىا بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاممىغا ياردەم بېرىپ ئاممىا بېجىرىلىشىنى ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان، ئەڭ جىددىي بېجىرىشكە تېگىشلىك، ھازىر بېجىرگىلى بولىدىغان ئىشلارنى ھەل قىلىپ بەردى. كەڭ كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىا بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلقنى كۆزلەيدىغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، ھەققىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ياخشى ئىستىلى ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئېتىقادىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

### مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى

«شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئاممىا خىزمىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىدۇر». باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق بولغاندىلا، تۈرلۈك ئىشلار ئالدىغا كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسىلىدۇ.

ئالتە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيەنىڭ مىللەت نەزەرىيەسى ۋە مىللەت سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاق ـ ئىناق بولغان، ئىقتىساد يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان، خەلق تۇرمۇشى سەجىل ياخشىلانغان، تۈرلۈك ئىشلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلىگەن يېپيېڭى ۋەزىيەتنى ياراتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توققۇز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئوبلاست (ۋىلايەت، شەھەر) دەپ نام بېرىلدى، 59 ئورۇنغا مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن دەپ نام بېرىلدى، 14 ئورۇنغا مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى تەربىيە بازىسى دەپ نام بېرىلدى.

ئالتە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات تەربىيەسىنى مەكتەپ تەربىيەسى، ئائىلە تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىگە سىڭدۈردى، ھەر مىللەت ياشلار، ئۆسمۈرلەر كىچىكىدىن بىللە ئويناپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلدى... مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەربىر پارچە مۇنبەت تۇپراقتا يىلتىز تارتتى.

«دىن خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، دىن ساھەسىدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاكتىپ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.» 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دىن خىزمىتىنىڭ پرىنسىپى، ئۇسۇلى ۋە يولىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىدىيەۋى يېتەكچىسى ۋە توپ مىزان.

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دىنىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈردى، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىگە چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.» ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مۆھتەرەم شېرىپجان مۇنداق دېدى: «مەن ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى يۇقىرى ئۆرلەشكە، ياخشىلىققا ئىنتىلىشكە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق تۆھپە قوشىمەن».

كېمىنىڭ كۈچى يەلكەندە، ئادەمنىڭ كۈچى قەلبتە. بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ھەر مىللەت ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى بىلەن سۇغىرىش نەتىجىسىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئۇزاققىچە پورەكلەپ ئېچىلدى.

## ئاپتونوم رايونىمىزدىن تۆت نەپەر پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئىلغارلاردىن بولۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىگىلىك تىكلەش، جەمئىيەت مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىن مۇكاپاتلانغان تۆت نەپەر پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلار. شياۋ ۋېنجياۋ ئۇزاقتىن بۇيان چۆكمە گېئوتېكتونىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاغ ھاسىل بولۇش رولى ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ كېڭىيىش مېخانىزمىنىڭ خەلقئارا ئالدىنقى سېپىنى نىشانلاپ، تاغ ھاسىل بولۇش بەلبېغىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەم ۋاقىت چېكى، تاغ ھاسىل بولۇش ئۇسۇلى ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ كېڭىيىش مېخانىزمى قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ئىلمىي مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، جۇڭگونىڭ شىمالى قىسمى ھەم قوشنا رايونلاردىكى چۆل، تاغلىق رايونلاردا سىستېمىلىق تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تاغ ھاسىل بولۇش بەلبېغىنىڭ قۇرۇلما تۈزۈلۈشى ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ كېڭىيىش مېخانىزمى قاتارلىق ساھەلەردە سىستېمىلىق يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. فاڭ چۇاڭلىن ئاساسلىقى شەھەر جۇغراپىيەسى، شەھەر توپى تەرەققىياتى ۋە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنىڭ بايلىق، مۇھىت ئۈنۈم ئېففېكتى توغرىسىدىكى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گوۋۇيۈەنگە نەچچە ئون پارچە مۇھىم مەسلىھەت دوكلاتى ياكى مۇھىم، زور يېرىك پىلاننى تاپشۇردى، ئالاقىدار پىكىر ۋە تەكلىپلىرى يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. شۈ لىن 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشتى، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش جەريانىدا، «N+1» ئەندىزىسى ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكى كەسپىنى بەرپا قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى؛ يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، تەڭشەپ، «ئۇرۇقلۇق بۇغداي+ئېگىز ئورنىغا چۆجگۈن قوناق تېرىش» كەسپىنى راۋاجلاندۇردى؛ مېۋە، كۆكتات، گۈل ـ گىياھ مايسىسى يېتىشتۈرۈش كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى بېيىش يولىغا باشلىدى. چى چېڭنيەن چارۋىچىلىق كەسپى بويىچە ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپ يىل بىڭتۇەن ليەندۈيلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىقنى باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى نەسىل، يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى قاراشنى نامرات ليەندۈيلەرگە ئېلىپ كىرىپ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان قىلمىشلارغا قارشى تۇرىدۇ. سېربىيە ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت خەلقئارا سەھنىدە خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشقا كۈچ چىقىرىدۇ. سېربىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغدىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىدە دانا، كەسكىن قارار چىقارغانلىقىنى قوللايدۇ، جۇڭگونىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان بارلىق قىلمىشلارنى ئەيىبلەيدۇ. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ داۋاملىق گۈللەپ ياشنىشىغا تىلەكداشمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىر پارچە خەرىتىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى تىزگىنلەش، مۇھىت خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىش قاتارلىق باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش تەلەپلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان بىر تۈرلۈك ئۇل خاراكتېرلىك خىزمەت. «ئۈچ چەك، بىر تىزىملىك»تە «ئۈچ چەك» ئارقىلىق رايون بوشلۇقىدىن پايدىلىنىش ۋەزىيىتى ۋە ئېچىش سىجىللىقىغا رامكا بېكىتىلىپ، «بىر تىزىملىك» ئارقىلىق ئېچىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاسراش قائىدىسى ئالدىن تۈزۈلىدىكەن.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەھۋالى، بايلىق ـ ئېنېرگىيە ئەۋزەللىكى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە رايون تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىشنى تاماملىدى، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، سانائەتلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇھىم، زور بايلىقلارنى ئېچىش ھەم ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى سىستېمىلىق باھالىدى؛ ئاتموسفېرا مۇھىتى سۈپىتىنىڭ تۆۋەن چېكى، سۇ مۇھىتى سۈپىتىنىڭ تۆۋەن چېكى، تۇپراق مۇھىتى خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تۆۋەن چېكىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئالدىن ۋە نۇقتىلىق باشقۇرۇلىدىغان ـ تىزگىنلىنىدىغان رايونلارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئاتموسفېرا، سۇ مۇھىتى، تۇپراقنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش تارماق رايونلىرىنى تەسىس قىلدى؛ ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش يۇقىرى چېكى، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش يۇقىرى چېكى ۋە يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش يۇقىرى چېكىنى بېكىتىشنى تاماملىدى. ئېكولوگىيە، سۇ، ئاتموسفېرا، تۇپراق قاتارلىق مۇھىت ئامىللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، جەمئىي 1529 مۇھىت باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش بۆلىكىنى ئايرىپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىن ئاسراش بۆلىكى 740، نۇقتىلىق باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش بۆلىكى 687، ئادەتتىكى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش بۆلىكى 102.

ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: ھازىر، «ئۈچ چەك، بىر تىزىملىك»نى تۈزۈش خىزمىتىدە ئىچكى جەھەتتە مۇھىت تەسىرىنى باھالاش، بۇلغىما قويۇپ بېرىش ئىجازىتى، بۇلغىما مەنبەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، كۆزىتىپ ئۆلچەش، قانۇن ئىجرا قىلىش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق مۇھىت ئاساسىي سانلىق مەلۇماتلىرى بىرىكتۈرۈلۈپ، تاشقى جەھەتتە سۇچىلىق، تەبىئىي بايلىق قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، سانائەتلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇھىم، زور بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى بىرتۇتاش تەھلىل قىلىندى، ھەم ئايرىپ بېكىتىلگەن ھەرقايسى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش بۆلەكلىرىدە شۇنىڭغا مۇناسىپ باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش تەدبىر ـ تەلەپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھىت باشقۇرۇشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرىدۇ.

## پۇقرالار بازىرى: يايما ئىگىلىرىنى خۇشال قىلدى، شەھەر ئاھالىلىرىگە نەپ يەتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كىرىمى يۇقىرى بولمىغاچقا، ئىزچىل يايما ئېچىپ ئائىلىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئويلاپ كەلگەنىدى. لېكىن مۇۋاپىق جاي بولمىغاچقا، ئۇنىڭ بۇ ئويى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشمىغانىدى.

«شياۋشىمېندا پۇقرالار بازىرى ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئېرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دەرھال تىزىمغا ئالدۇردۇق. ھازىر ئىككىمىزدىن بىرىمىز مال كىرگۈزۈپ، بىرىمىز سېتىپ، كۈنىگە 200 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىۋاتىمىز، روھىي كەيپىياتىمىز بۇرۇنقىدىن ياخشى بولۇپ كەتتى!» گېپىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا، ۋۇ فېڭيىڭ يەنە خېرىدارلارنى كۈتۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

ياندىكى پېچىنە ـ پىرەنىك يايمىسىدا، يېڭى پېتىچە ساقلاش يوپۇقى بىلەن يېپىلغان بولسىمۇ مەززىلىك پۇراق دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يايما ئېچىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شىخابا ئالدى كوچا مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى مەۋلۇدە بەكرى ناھايىتى ئالدىراش ھەم خۇشال ئىدى.

«يايما ھەققى، باشقۇرۇش ھەققى قاتارلىق ھەقلەر بولمىغاچقا، بىزنىڭ ئىگىلىك تىكلەش يۈكىمىز زور دەرىجىدە يېنىكلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، تىجارىتىم كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى، ھازىر مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تورتنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى پىشۇرغىلى، تېخىمۇ كۆپ ساتقىلى بولىدۇ دېگەننى ئويلاۋاتىمەن» دېدى مەۋلۇدە.

ئىگىلىنىشچە، شىمبىن پۇقرالار بازىرىدا يېمەكلىك، مېۋە، كۆكتات، كىيىم ـ كېچەك، ئۇششاق تاۋارلاردىن ئىبارەت تۆت رايون، 132 يايما ئورنى بار بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەردە يايما ئېچىپ سودا قىلىدىكەن.

شىمبىن پۇقرالار بازىرىغا ئوخشاش ئاۋات بازاردىن يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بوغدا يولىغا جايلاشقان يايما بازىرىمۇ بار.

«ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر قولدىن بېرىپ قويدىماڭلار، بۇنى يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى، باي ئائىلىلەر ئۈنچە ـ مەرۋايىت ساندۇقىنى قۇلۇپلاشقا ئىشلەتكەن، پەقەت 600 يۈەنگە سېتىلىدۇ، كىملا سېتىۋالسا زىيان تارتمايدۇ!» كونا نۇردا مۇتەللىپ روزاخۇننىڭ يايمىسىدىكى، بىر نەپىس بېلىق شەكىللىك مىس قۇلۇپ يولدىن ئۆتكەن بىرنەچچە ئادەمنى جەلپ قىلدى.

بىر مېتىر كەڭلىكتىكى يايمىغا ھەر خىل ھەر ياغزا لوڭقا، چەينەك قاتارلىق كونا بۇيۇملار تىزىلغان بولۇپ، كۆك گۈللۈك فارفۇرمۇ، ساپالدىن ياسالغانلىرىمۇ بار بولۇپ، يىللار تۇيغۇسىغا تولغانىدى.

«مەن ئىزچىل يىغىپ ساقلاشنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆيدىكى يىغىپ ساقلانغان بۇيۇملار 20 نەچچە ساندۇققا يېتىدۇ، تىزىپ پاتقۇزغىلىمۇ بولمايدۇ. ھازىر يايما بازار بار بولدى، ئاخىر كارامىتىمنى كۆرسىتەلەيدىغان بولدۇم، كۆپچىلىك ياخشى نەرسىلىرىمنى كۆرۈپ باقسۇن!» دېدى مۇتەللىپ بىر فارفۇر لوڭقىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۈرتكەچ.

بازار تىجارىتى دىرېكتورى ليۇ يىفەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يايما بازار 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تىجارەت باشلىغان بولۇپ، 250 كە يېقىن يايما ئورنى بار ئىكەن، تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلە قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر تۈپى بازارغا ئاۋۋال كىرىپ يايما ئاچسا بولىدىكەن، ھازىر ھېچقانداق ھەق ئېلىنمايدىكەن، يەنە ئاپتاپ توسۇش كۈنلۈكى، ئۈستەل ـ ئورۇندۇق قاتارلىقلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىدىكەن. بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان بولغاچقا، ئەتراپتىكى ئاممىنىڭ ناھايىتى قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپتۇ.

«كېيىنكى مەزگىلدە يەنە 100دىن ئارتۇق يايما ئورنىنى كۆپەيتىپ، تۆۋەن كىرىملىك قىيىنچىلىقى بار تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى بۇ يەردە تىجارەت قىلىشقا جەلپ قىلغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن بىللە، يەنە بازارنى جانلاندۇرۇپ، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ» دېدى ليۇ يىفەن.